قەلب ساداسى

# ھېكايەم ئارقىلىق تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ نامىنى ئاقلايمەن

☐ ئاتۇش شەھەرلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى مويدىنجان ھېلىم

مېنىڭ ئىسمىم مويدىنجان ھېلىم، ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر ئاددىي دېھقان. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەن خەۋەرلەردە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللانغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلەندىم. مەن شۇ ۋاقىتتىلا مۇنداق ئويلىدىم: بۇ كىشىلەر كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بوھتان چاپلاش ئارقىلىق شىنجاڭغا قارا چاپلاش، جۇڭگوغا قارا چاپلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن، ۋىجدانلىق ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چوقۇم ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ نامىنى ئاقلىشىم كېرەك.

2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مەن توردىن زوراۋانلىق، تېررورلۇققا دائىر ئۈن ـ سىنلارنى چۈشۈرۈپ كۆرگەن، ھەم بۇ ئۈن ـ سىنلارنى ساقلىغان، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ كۆرۈشىگە يوللىغاندىم. مەن دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدىم، قىلمىشىم يېنىك بولغانلىقتىن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتىم. بۇ يەردىكى ياتاقلاردا ھاۋا تەڭشىگۈچ، پار بار، بىز ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا دەرس ئاڭلايمىز، يەنە تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالايمىز. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، جۇڭگو پۇقراسىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى بىلدىم، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا دائىر ئۈن ـ سىنلارنى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىشقا قانۇننىڭ يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدىم... بۇ ئۆگىنىش مېنىڭ قانۇن ئېڭىمنى ئۆستۈردى، قانۇن ئارقىلىق ئۆزۈمنى قوغداشنى ئۆگىنىۋالدىم، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىمايدىغان بولدۇم. تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، بىز ئۆيگە قايتالايمىز، ئىشىمىز بولسا ھەر ۋاقىت رۇخسەت سورىيالايمىز، يەنە ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن تېلېفونلىشالايمىز، سىندا سۆزلىشەلەيمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىزمۇ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ بىزنى يوقلىيالايدۇ. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تاماق، ياتاق ۋە ئۆگىنىشنىڭ ھەممىسى ھەقسىز، بىز يەنە قىزىقىشىمىزغا ئاساسەن بىر ـ ئىككى خىل كەسپىي ماھارەتنى ئۆگەنسەك بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىزغا ئىشەنچ قوشتى.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىدىم. جۇڭگو كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقاچقا، نۇرغۇن چەت ئەللىك جۇڭگو تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، بارغانسېرى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار دۆلەت ئورتاق تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەرەققىي قىلىشنى ئويلايدىغان بولدى. مەن ناھايىتى تېزلا مەقسەت ـ نىشانىمىز ئوخشاش بولغان ئىككى دوست تېپىپ، ئۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ بىر ئوقۇتۇش ـ تەربىيەلەش ئاپپاراتى قۇرۇپ، 12 ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلدىم، ئۇلارنىڭ تۆتى ماڭا ئوخشاش تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى. بىز ھەممىمىز دۆلەت ئورتاق تىلدا راۋان سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرەلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۇق، تەربىيەلەش ئاپپاراتىنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى كاپالەتكە ئىگە بولدى، ھەربىرىمىزنىڭ ئايلىق كىرىمىمىز 3000 يۈەندىن ئاشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىشىمىزنىڭ پايدىسىدىن بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىمىز، تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىگە قاتنىشىپ مېنىڭ ھاياتىم ۋە تەقدىرىمدە بۇرۇلۇش بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەختلىك، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئېرىشتىم.

شىنجاڭ مەن تۇغۇلغان، مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن جاي، بۇ يەردىكى ھەممە ماڭا ناھايىتى تونۇش. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ رايونى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرنىڭ گىرەلەشمە تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭدا كۆپ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئوقۇيالايدىغان بولدى، يېزا، شەھەر ـ بازار داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ھەممە ئادەمنى كېسەل كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈتۈنۈش پۇلى بار، يەنە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى بىلىمەن، شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ. بىراق، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئاق ـ قارىنى ئايرىماي، بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرەلمەي، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش كويىدا بولدى، ھەتتا زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلارغا يانتاياق بولۇپ، يەل بەردى. مەن كۆپچىلىككە شۇنى دېمەكچىمەنكى، بۇ پەقەت ئامېرىكىنىڭ خام خىيالى، بىز ھەممىمىز قانۇننى ئۆگىنىپ، قانۇننى چۈشەندۇق، ئەمدى يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە يوچۇق قالدۇرمايمىز، ھەرقانداق كۈچنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، گۈللىنىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشىغا ھەرگىز قوشۇلمايمىز! ئامېرىكا تەرەپنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىشىغا ھەرگىز قوشۇلمايمىز!

# پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا رەھمەت

☐ توقسۇن ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايگۈل تاشقادىر

مېنىڭ ئىسمىم ئايگۈل تاشقادىر، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ بوستان بازىرىدىن. 2007 ـ يىلى، مەن داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قېلىپ خىزمەت قىلدىم، بىر قېتىم تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ھازىرقى ئېرىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بىز توي قىلىپ بىرلىكتە گۈزەل كېلەچەككە ئاتلاندۇق. لېكىن ئېرىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، مېنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا كۈشكۈرتتى، ئېزىقتۇردى. دەسلەپتە مەن بۇنى قوبۇل قىلالمىدىم، لېكىن ئاستا ـ ئاستا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملاندىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مېنىڭ روھىي دۇنيايىم تەدرىجىي دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنىپ، تىزگىنلىنىپ، سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلىشنى خالىمايدىغان، ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، بېكىنىۋېلىپ، سىرتتىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم، تەدرىجىي زۇلمەتكە تولغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك يولغا ماڭدىم. دۆلەت تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن داشۆ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇقلۇق، مەن جەمئىيەتكە چىقىپلا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملاندىم، ئاتا ـ ئانام مېنىڭ غېمىمنى يەپ، كۈندە ماڭا نەسىھەت قىلدى، تەربىيە قىلدى. لېكىن مەن ئېغىر دەرىجىدە قايمۇقتۇرۇلغانلىقتىن، ھېچقانداق گەپ قۇلىقىمغا كىرمەي، يەنىلا ئۆزۈم بىلگەنچە ئىش قىلدىم.

مەن ئازاب ـ ئوقۇبەت قاينىمىدىن ئۆزۈمنى تارتالماي يۈرگەن پەيتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلارنى تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، مەن ھۆكۈمەتنىڭ بىز ئۈچۈن ھازىرلىغان ئۆگىنىش، تەربىيەلەش ئورنىنىڭ مۇھىتىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، يەنە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، كەسپىي داۋالاش ئەترىتى ۋە ئارقا سەپ كاپالەت مۇلازىمىتى بارلىقىنى بىلدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ مۇھىتى داشۆنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، ياتاقلارغا ھاۋا تەڭشىگۈچ، پار ئورنىتىلغان، ئاشخانىدىكى تاللا تائاملار مول ھەم يېيىشلىك بولۇپ، ئۆزۈمنى داشۆگە قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقسىز ئىكەن. بىز ھەر كۈنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تېلېۋىزور كۆرىمىز، رادىيو ئاڭلايمىز، سىرتتا پائالىيەت قىلىمىز.

ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق مەن «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى تەلتۆكۈس ئېنىق تونۇپ يەتتىم، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم؛ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىرىنىڭ قانچىلىك بىمەنە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم؛ دۆلەتنىڭ قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر ئەقىلسىزلىق ۋە نادانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم؛ ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىشىمدىكى سەۋەبنىڭ قانۇن ئېڭىمنىڭ سۇسلۇقىدىن بولغانلىقىنى بىلدىم، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، كىشىلىك ھاياتىمنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ ئېغىر بولىدىغىنى ئائىلەمنىڭمۇ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئۆتمۈشۈمنى ئويلىسام ھازىر بەك پۇشايمان قىلىمەن. مەن تىرىشىپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم، ئۆزۈمگە ۋە ئائىلەمگە مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولىمەن. مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، مەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت مېنى تاشلىۋەتمەي، يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇۋالدى، ماڭا قايتا بىر قېتىم ھاياتلىق پۇرسىتى بېرىپ، ماڭا بۇ يەردە خاتىرجەم ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى، مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىگە مەڭگۈ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن كەنت قۇرغان كارخانىغا كېلىپ خىزمەت قىلدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئەمگەك ماھارىتى تەربىيەسىگە قاتناشقان، دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىلىدىغان بولغاچقا، مەن ناھايىتى تېزلا زاۋۇتتىكى ئەمگەك تېخنىكا ماھىرىغا ئايلاندىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپاغا چىداملىق، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، كەنت قۇرغان كارخانىنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولۇپ، ئايدا 3000 يۈەن كىرىم قىلدىم. ئاتا ـ ئانام مېنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشۇمنى كۆرۈپ، كۈنبويى خۇشال يۈرىدىغان بولدى.

يېقىندا مەن دائىم شۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم: ئەگەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، مەن بىر ئۆمۈر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ مۇستەھكەم قەپەسىدە نابۇت بولار ئىكەنمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن يىراق تۇرىدىغان، قانۇن ـ ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئائىلەمگە، جەمئىيەتكە پائال تۆھپە قوشىمەن.

# تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن

☐ قاغىلىق ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىنىڭ تۇغقىنى ھېزىم ئابدۇۋەلى

مېنىڭ ئىسمىم ھېزىم ئابدۇۋەلى، قاغىلىق ناھىيەسى سايباغ يېزىسىدىكى بىر ئاددىي دېھقان. ئىلگىرى، ئوغلۇم ئابدۇراخمان ھېزىمنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەنلىكىدىن يۈزۈم تۆكۈلگەندەك ھېس قىلغاندىم. ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بالامنى ياخشى تەربىيەلىيەلمىگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم، شۇنداقلا بالامنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ياخشى تەربىيەلەنگەندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشىدىن خۇشال بولدۇم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئائىلەمنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بالامنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

ئائىلىمىز باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارنى يۇرتۇمدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ياشاۋاتقان سايباغ يېزىسى ئىزچىل قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاق ئۆستۈرىدىغان چوڭ يېزا ئىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، يېزىمىزدىكى نۇرغۇن دېھقان باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ پۇل تاپتى، بېيىدى، مەنمۇ مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى.

مەن بىلەن خوتۇنۇم كۆپرەك پۇل تېپىپ ئىككى ئوغلىمىزنى ئۆيلەپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئويلىغاندۇق. شۇڭا خوتۇنۇم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئائىلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى، مەن يىغقان پۇللىرىمغا بىر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندىم. ۋاھالەنكى، مەن ئادەتتە سىرتتا يۈرگەچكە بالامنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇشقا سەل قاراپتىمەن، خوتۇنۇمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، بالىمىزغا بولغان تەربىيەسى يېتەرلىك بولماپتۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئارانلا ئۆتكەن ئوغلۇم ئابدۇراخمان ئۆگىنىشتە ئادەمنى خاتىرجەم قىلمىغاندىن سىرت، تۇرمۇشتىمۇ ماڭا ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردى، دەرس تاشلاش، ئۇرۇشۇش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى. دەسلەپتە، ئوغلۇمنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئىنكاس قىلغان يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا ئاكتىپ ماسلىشىپ ئوغلۇمغا تەربىيە ئىشلىدىم، لېكىن ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىدى. قېتىم سانى كۆپىيىپ كەتكەچكە، زېرىكىپ، ئوغۇل بالا شوخراق بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ، كەلگۈسىدە باشقىلارغا بوزەك بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئەينى چاغدا مەن بالامنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولمىسىمۇ، كەلگۈسىدە داشۆگە ئۆتەلمىسىمۇ، مەن بىلەن بىللە ئاپتوموبىل ھەيدىسە ئوخشاشلا پۇل تاپالايدۇ، ئوخشاشلا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، دەپ قاراپتىمەن.

ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنى خاتا بولغاچقا، ئوغلۇمنىڭ خاتا يولدا ماڭغانسېرى يىراقلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولدۇم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىققاندا، ئوغلۇم داشۆگە ئىمتىھان بېرىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بولار ئىش بولدى، دەپ قاراپ، دەرس تاشلاش، مەكتەپتىن قېچىش قېتىم سانى بارغانسېرى كۆپەيدى، بەزىدە ھەتتا ئۆيدە بىرنەچچە كۈن سايىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، بالام سىرتتا بىر قىسىم يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قاپتۇ، كېيىن بىلسەم، ئۇ كىشىلەر دىننى دەستەك قىلىپ، ئوغلۇمغا «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» «خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش» «خەنزۇلار ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىق» دېگەندەكلەر تەرغىب قىلىنغان ئەسەبىي ئىدىيەنى سىڭدۈرۈپتۇ. بۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئوغلۇم بۇ پاتقاققا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ، ئۆزىنى تارتالمىدى. ئوغلۇم چوڭ بولۇپ، باشقۇرۇپ تەربىيەلەش بارغانسېرى تەسلىشىپ كەتتى، مەن بەك ئازابلاندىم، ئەمما ئامالسىز قالدىم، ھەمىشە قورقۇپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭ بالا تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم.

بىر كۈنى، ئوغلۇم توردا ئەسەبىي ئىدىيە تارقىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن بايقالغاندىلا، مەن ئاندىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بالامنىڭ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە تېخىمۇ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغلۇمنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ئاپىرىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. بالام كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى 3 ـ ئېيىدا، مەن ئۇنىڭدىكى بەزى ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى كۆردۈم. يېرىم يىل تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، بالام ماڭا مۇنداق دېدى: «دادا، مەن راستىنلا خاتالىشىپتىمەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندىم، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى، قايسى ئىشنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى، قايسى ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. مۇئەللىملەر ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىزگە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە كاللىمىزدىكى ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگىتىشكە ياردەم بەردى، مەن ئەمدى يامان ئادەملەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيمەن». مەن ئوغلۇمنىڭ ئىدىيەسىدە بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم. مەن بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى بىلىمەن، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش زەھەرلەنگەن كىشىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى بىلىمەن.

بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئوغلۇم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملاپ، مەن بىلەن بىللە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئوغلۇمنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى ئۆسكەچكە، ترانسپورتتا مال مەنبەسى بىلەن ئالاقىلىشىش دائىرىمىز بارغانسېرى كېڭەيدى، تاپقان پۇلىمىزمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى. بۇ يىل 9 ـ ئايدا، ئوغلۇم قىز دوست تېپىپ، يەنە بىر غېمىمنى تۈگەتتى. مەن ھازىرقى ئابدۇراخماننىڭ بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. مەن ھازىر ئائىلىمىزنىڭ ياخشى كۈنلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەگەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ۋاقتىدا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلمىغان بولسا، ئوغلۇمنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» تەرىپىدىن زوراۋانلىق، تېررورلۇققا كۈشكۈرتۈلۈپ، ئۇلارنىڭ دۆلەتنى پارچىلاشتىكى زەمبىرەك يېمىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى، ئاقىۋەتنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىمەن.

باللار دۆلەتنىڭ كەلگۈسى، شۇنداقلا ئائىلىنىڭ ئۈمىدى. مېنىڭ ئائىلەمدىكى ئىشلارنى سۆزلىشىمدىكى سەۋەب، بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى ئاتا ـ ئانىلارغا باللارغا قاتتىق قول بولۇشنىڭ كۆيۈنۈش، ئەركىلىتىشنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش ئىكەنلىكى، باللارنى ياخشى تەربىيەلەش، يېتەكلەشنىڭ ھەربىر ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئويغىتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بالامنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا، ئائىلەمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىش! پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خاتىرجەم بولغاي، بۇنىڭدىن كېيىن، مەن چوقۇم ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىمنى زىممەمگە ئېلىپ، بالامنى ھاياتلىق يولىنى ياخشى بېسىشقا تەربىيەلەيمەن، يېتەكلەيمەن.